# بىر كىشىنى ھەج قىلىشقا ۋەكىل قىلسا، ئۇ كىشى ھەجنىڭ قايسى تۈرىنى تاللايدۇ؟

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ



2014 - 1435

IslamHouse.com

# إذا وكله شخص للحج ، فأي النسك يختار؟

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# بىر كىشىنى ھەج قىلىشقا ۋەكىل قىلسا، ئۇ كىشى ھەجنىڭ قايسى تۈرىنى تاللايدۇ؟

177182-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھەجنىڭ ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بەزى كىشىلەر كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى پەرز ھەجنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، يۇرتىمىزدا ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن پەرز ھەجنى ئادا قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر كىشىنى ۋەكىل قىلىپ بەدەل ھەج قىلدۇرىدىغان ئادەت بار. مۇشۇنداق ھالەتتە ۋاپات تاپقان كىشى ئۈچۈن ھەج قىلدۇرساق، ھەجنىڭ قايسى تۈرىنى قىلدۇرىمىز، ئۆمرە قىلىپ ئاندىن ھەج ئۈچۈن ئايرىم ئېھرامغا (ھەج تەمەتتۇئ) كىرەمدۇ ياكى يالغۇز ھەج ئۈچۈنلا (ھەج ئىفراد) ئېھرام باغلامدۇ ۋە ياكى ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن بىرقېتىمدىلا (ھەج قىران) ئېھرامغا كىرەمدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەسلىدە ۋەكىل بولغان كىشى ئامانەتدار، ئىشەنچىلىك، خۇددى ۋەكىل قىلىنغان ئىشنى ۋەكىل قىلغان كىشى قىلغاندەك تولۇق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىل بولىدىغان كىشى ئۆزى ھەج قىلىپ بولغان بولسا، ۋاكالىتەن قىلىدىغان ھەجنىڭ

تۈرنى تەمەتتۇئ يەنى دەسلەپتە ئۆمرە قىلىپ ئېھرامدىن چىقىپ ئاندىن تەرۋىيە كۈنىدە يەنە قايتىدىن ئېھرامغا كىرىشى كېرەك.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلىپ مەككىگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ھەجگە كىيگەن ئېھرامنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى ۋە: «ئەگەر مەن ھازىرقى ئىشمنى بۇرۇن بىلگەن بولسام ئىدىم، (يەنى قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن بولسام،) ھەجگە باغلىغان ئېھرامنى ئۆمرىگە ئالماشتۇراتتىم، لېكىن مەن ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىرگە قىلىمەن دەپ قۇربانلىق ھەيدەپ كەلدىم، دېدى.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 12044 ـ ھەدىس. بۇ ھەدىس بۇخارى ۋە مۇسلىمدىمۇ بايان قىلىنغان].

ئەگەر ۋەكىل قىلغۇچى ۋەكىلگە ھەجنىڭ قايسى تۈرنى ئادا قىلىشنى ھاۋالە قىلغان بولسا، ۋەكىل بولغۇچى شەرت بويىچە ھاۋالە قىلىنغان تۈرنى ئادا قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.  بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن1745- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.